


## يېڭى يىل نەزمىلىرى

(چاتما)

ئابدۇرېھىم سىدىق

### يېڭى يىلدا يېڭى كۈي

كەل دوستۇم، قۇتلۇقلايلى يېڭى يىلنى،
ياڭرىتىپ يېڭى ئۇتلۇق كۈيىمىزنى.
يېڭى يىل سالدى دىلغا يېڭى ئارمان،
ئاڭلىسۇن پۈتۈن جاھان ئۈنىمىزنى.
ئۆتكەن يىل قۇچتۇق بۈيۈك شانۇ - زەپەر،
ئىسلاھات دولقۇنىدا قۇدرەت تېپىپ.
ئۇتۇغلۇق بولغاچقا بىز قىلغان سەپەر،
غەلىبە شارابىنى ئىچتۇق قېنىپ.
ياتمايلى قانائەتنىڭ بۆشىكىدە،
ئازغىنە نەتىجىدىن مەغرۇرلىنىپ.
ئۇرلەيلى يېڭى يۈكسەك چوققىلارغا،
نۇر ئىمىپ، ئىلىم - پەندىن قاناتلىنىپ.
يېڭى يىل بەردى بىزگە يېڭى ئىلھام،
كۈيلەيلى گۈلدىن گۈزەل دەۋرىمىزنى.
قەسەۋۋۇر كۆزى بىلەن كۆرمەكتىمىز،
ئاجايىپ پارلاق، يېڭى ئەتىمىزنى.
كەل دوستۇم، مۇسابىقە قىلايلى بىز،
ئەل ئۈچۈن يېڭى تۆھپە يارىتىشتا.
قەدىرلەپ ۋاقىتنى بىز ئالتۇن كەبى،
خەلقىمگە روھى ئوزۇق تارقىتىشتا.
يېڭىچە ئۈمىد، غەيرەت - شىجائەتتە،
تاشلايلى يېڭى يىلدا مەزمۇت قەدەم.
مىنۇتنى ئۆتكۈزمەيدۇ قىلچە بىكار،
ھاياتنى چىن قەلبىدىن سۆيگەن ئادەم.
تۈۋلايلى يېڭى ناخشا، گۈزەل كۈيلەر،
يېڭىلىق يارىتىشقا يارالغان بىز.
يېڭىلىق ناخشا - ئۇسسۇل، مۇقام بىلەن،
جاھاننىڭ سەھنىسىدە تونۇلغان بىز.

چۈنكى بەك چەكلىك بولۇر ئۆمۈر - ھايات،
ئەيلىگىن ھايات بېغىڭنى سەن ئاۋات.
تۆھپىدىن ۋەتەندە ئىز قالدۇرمىساڭ،
بولمامسەن ئەۋلادلىرىڭ ئالدىدا مات؟
بىلەمسەن، مەن كېلىمەن تېز يورغىلاپ،
كېتىمەن يەنە ئۆمۈرنى ئوغرىلاپ.
كىم ئەگەر بەرسە مېۋە ئۆز خەلقىگە،
تۇرىدۇ ئەل قەلبىدە مەڭگۈ ياشاپ.
بەزىلەر قالدۇردى ھەيران كىشىنى،
پۈتكۈزدى ئايدا پۈتۈن يىل ئىشىنى.
بەسلىشىپ مېنىڭ بىلەن يەڭدى ئۇلار،
ئارماندا تۆكمەس ئۇلار كۆز يېشىنى.
بەزىلەر قىلدى جەھەننەمگە سەپەر،
قالدۇرماي ھاياتىدىن قىلچە ئەسەر.
بولمىدى قەدرى ئۇنىڭ توزغاقچىلىق،
ئەيلىگىن ئۇنداق ئۇلۇشلەردىن ھەزەر.
ئىشلىسە ئۆزىنى كىم ئەلگە ئاتاپ،
<كۆرەشچان يىللار> دېگەن نامىغا باپ.
تارىختىن ئۆچمەس ئۇنىڭ شان، تۆھپىسى،
ئاز ئەمەس ئاڭا مىسال باقساق ساناپ».
مەن ئاڭلاپ يىلنىڭ ئەشۇ ساداسىنى،
چۈشەندىم ئۇنىڭدىن ھايات مەناسىنى.
باغلىدىم بەلنى راسا كۈرەش ئۈچۈن،
گۈللىتەي ئۆمرۈم گۈلى، - رەناسىنى.
كەل يىللار گۈللەر چېچەي تويۇڭغا مەن،
زەپەردىن مارجان ئاساي بويۇڭغا مەن.
كەتمىسەم سەندىن ئۆتۈپ چوڭ بەيگىدە،
پۇشايمان دېگىزىغا چۆكمەيدىمەن.

ئاتكىرتكا




ئامانگۈل ماموت

-1-

ئۇ، يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچ-تى......

كىرىسمەن ئۇيۇق ئاستا - ئاس-تا ئاقىرىپ، يېلىنجاپ تۇرغان ئا-ئەشتەك تاڭ شەپىقى تاغلارنىڭ ئا-رىسىدىن يارقىن كۆتۈرۈلۈشكە باش-لىغاندا، ئۇنىڭ «ئىڭە» قىلىپ تۇن-جى يىغلىغان بەكمۇ نازۇك، ئەمما ئۆزىنىڭ ئىنسانلار ياشاۋاتقان ئىپ-تىخارلىق بىلەن چۈشكۈنلۈك، ئىس-ىنچلىق بىلەن غەۋغالىق، ئىنتىلىش بىلەن چېكىنىش، شادلىق بىلەن قايغۇ، يارىتىش بىلەن ھالاك قى-لىشلار ئۆز ئارا گىرەلىشىپ كەت-كەن ھاياتلىق ئالىمىگە ئاپىرىدە بولغانلىقىنى ناھايىتى تەنتەنىلىك جاكارلىغاندەك جاراڭلىق يىغىسى مېنى ھايات - ماماتلىق چېگرى-سىدا كۆرۈلۈۋاتقان تولىمۇ قورقۇ-نۇچلۇق، لېكىن خاسىيەتلىك چۈ-شۈمدىن ئويغاتتى...

تېنىمدە مەنىۋىيەت ئىستىكى بىلەن تولغان بىر خىل ئىللىق ئېق-ىم بارا - بارا ئەۋجىگە چىقىشقا باشلىدى... دېمەك ئەزرائىل ئۇس-تىدىن غالىپ كەپتىمەندە! ئاھ، كۆ-ڭۈل ئۇپۇقىمنى ئەدەبلا يېرىپ چىق-قان ئاشۇ يۇرەك پارەم غەلىبە شادلىقىمنى بۇ دۇنياغا جاكارلاپ-تۇ......

- 2 -

ئۇنىڭ يۇلتۇزدەك بالقىپ تۇر-غان نۇرانە كۆزلىرى مېنىڭ ھا-ياتلىق يولۇمغا ئۈمىد، ھاياجان، ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى ئاتا قىلدى. ئۇنىڭ شەلپەردەك يارقىن سى-مالىرىغا شادىيانىلىق، بەختىيارلىق ئىچىدە تويماستىن قارايمەن. ئۇ مې-نىڭ مەقسىتىمنى چۈشەنگەندەك ۋىلىقلاپ كۈلىدۇ، تولىمۇ سەبىي تىلدا گۈگراپ بىر نې-مىلەرنى دەيدۇ... بەلكىم ئۇ مېنىڭ ئانىلىق مېھرىمگە رەھمەت ئېيتى-ۋاتقاندۇ، ياكى ئۇ مەندىن نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئىنتىلىپ سەبىيلىك سوئاللىرىنى سوراۋاتقاندۇ؟

ئۇ ئاچچىق يىغلىدى، ھە، ئەس-لىدە ئۇنىڭ قورسىقى ئاچقانىكەندە،

مەن ئۇنىڭغا تومۇرلىرىمدىن ئۇرغۇپ چىققان ئاپئاق لالىدەك سۈتۈمنى بەردىم. ياق، مەن ئاتەشتىن يال-قۇنلۇق مىننەتسىز مېھرىمنى ئۇنىڭ-غا بەرگەنىدىم....

-3-

بۈگۈن مەن ئۇنىڭ سۈتتەك چېھرىگە چەكسىز ئانىلىق مېھرىم بىلەن سۆيۈپ تۇرۇپ، «جىگىرىم، سىز مۇشۇ دەقىقىدە بىر ياشقا كىردىڭىز» دېدىم، ئۇ گويا دېگىنىمدىن سۆيۈنۈپ چىقىۋاتقان شادىمان ئايدەك مەيىن كۈلۈپ «ئانا!» دېدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە چاقنىغان نۇرلار ھاياتلىق مەشئى-لى ئىدى. ئۇنىڭ سەبىي كۈلكىسى بىلەن «ئانا» دەپ چىققان چۈچۈك تىلى مېنىڭ بارلىق ھارغىنلىقىمنى ئۇنتۇلدۇردى. مەن ئۇنى تويماستىن سۆيمەكتىمەن.

ئاھ، پەرىشتەم! ئۈچمەن دېدىڭ-ما؟... ئۇچقىن، مەن ساڭا قۇدرەت-لىك قانات بولاي، مەن سېنى بى-پايان كەڭلىكتىن ئىزدەيمەن.

ئېھ كۆيۈك....

بۇ ئانىنىڭ پەرزەنت ئىشقىدا يېلىنجىغان كۆيىكى!




(70-سان)

### دۇلان دەرياسى

تۇردى نىياز

دولقۇنلايدۇ دولان دەرياسى،
مۇقام گويا شاۋقۇن ساداسى.

ساھىللىرى يېشىل چىمەنزار،
ئەكس ئېتەر قۇياش سىماسى.

ئاشىقمىكىن دولانغا قۇياش،
سۆيۈپ ئۆتەر نۇرى زىياسى.

سەھەر كەچتە قىزغۇچ شەپەقنىڭ،
سۇدا ئايان يارقىن جۇلاسى.

دەريا ئويناق، قاشلىرى بوستان،

### يىللار خىتابى

زوردۇن ئىمىر

مەن ئۆتەرمەن شەپىسىز، دىققەت - نەزەرگە ئالمىساڭ،
مەن كېتەرمەن بەلگىسىز تېزگىن يۈگەننى سالمىساڭ.

قەدىمىم ئاي - كۈن مېنىڭ، ھارماس زامان كارۋانىمەن،
تۇرمىغايمەن سېنى ساقلاپ ئۇخلىساڭ - ئويغانمىساڭ.

يۈگىرەيمەن چاپقىلى ئالغا بۇدۇر موتلەق ھۆكۈم،
شاللىغايمەن مەيلى كىم بول ياندىشىپ ماڭالمىساڭ.

ئۆتمەس دەقىقەم ھېچ بىكار ئىشلىسەڭ تىجەپ،
چىڭ تۇتۇپ مىنۇتنىمۇ قىلساڭ شىجائەت، تالمىساڭ.

شان - شەرەپ كەلمەيدۇ قولغا بولمىسا غەيرەت - جىدام،

# 1991 - يىلى ۋىلايىتىمىزدىكى ئون چوڭ خەۋەر





ۋىلايىتىمىزنىڭ بۇ يىللىق سانائەت ئىشلەپچىقىرىش پىلانى مۇددەتتىن بۇرۇن ئورۇندالدى. 31 خىل مەھسۇلات بىرقەدەر زور دەرىجىدە ئاشتى. ۋىلايەتلىك ھاراق زاۋۇتى، سۇلياۋزاۋۇتى، نېفىت شىركىتى، ئاقسۇ شەھەرلىك سۇلياۋ زاۋۇتى ئاپتونوم رايون بويىچە 2-دەرىجىلىك كارخانىلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.



باي، شايار، ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىلىرى ۋە ئاقسۇ شەھىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنە ناھىيە، شەھەر بولغاندىن كېيىن، بۇ يىل يەنە ئاۋات، توقسۇ ناھىيىلىرى ئارقا - ئارقىدىن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنە ناھىيە بولدى؛ باي ناھىيىسى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» بويىچە نەمۇنە ناھىيە دېگەن نامغا ئېرىشتى.



ۋىلايىتىمىز تۈرلۈك تەبىئىي ئاپەتلەر ئۈستىدىن غالىپ كېلىپ، يېزا ئىگىلىكىدە ئۇدا 11 - يىللىق مول ھوسۇلنى قولغا كەلتۈردى. ئاشلىق، پاختا، ياغلىقدان، چارۋا مەھسۇلاتى ئومۇميۈزلۈك ئاشتى. پاختىدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە مول ھوسۇل ئېلىنىپ، ئومۇمىي مەھسۇلات 1 مىليون 600 مىڭ دەنگە يەتتى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى تۇنجى قېتىم 600 يۈەندىن ئېشىپ كەتتى.



ۋىلايىتىمىز تۇنجى قېتىملىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئالماشتۇرۇش-كېلىشتۈرۈش يىغىنىنى چاقىردى 1000 غا يېقىن ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەنلەر ھەر قايسى ناھىيە، يېزا- بازار كارخانىلىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى.



ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسى شەرەپ بىلەن «مەملىكەتلىك دېھقان- چارۋىچىلىق

تۈنجى قېتىم 600 يۈەندىن ئېشىپ كەتتى.





↑ ۋىلايىتىمىز تۇنجى قېتىملىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئالماشتۇرۇش-كېلىشتۈرۈش يىغىنى چاقىردى 1000 غا يېقىن ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەنلەر ھەر قايسى ناھىيە، يېزا- بازار كارخانىلىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى.



↑ ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسى شەرەپ بىلەن «مەملىكەتلىك دېھقان- چارۋىچىلىق رايونلىرى ماتارىپى بويىچە ئىلغار ناھىيە» نامىغا ئېرىشتى، ئۇنىڭغا ئۇلاپلا ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشى «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.





↑ دۇنيا بانكىسىدىن ئېلىنغان قەرزدىن پايدىلىنىپ يېزا ئىگىلىكىنى ئونۇۋېرسال ئېچىش تۈرى بولغان — ئۆگەن دەريا سۇغىرىش رايونىدا يېزا ئىگىلىك سۇغىرىش، زەي سۈنى چىقىرىۋېتىش ۋە مۇھىت قوغداش تۈرى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى.

↑ ۋىلايىتىمىزنىڭ «ئون يۇلتۇزلۇق مەدەنىيەتلىك ئائىلە» لەرنى باھالاپ چىقىشنى ئاقسۇ شەھەردە نۇقتىدا سىناق قىلىش ئاياغلاشتى. ئاقسۇ شەھەردىن بىر تۈركۈم دېھقان ئائىلىسى ئالدى بىلەن يۇلتۇزلۇق بەلگە تاقىدى. ئاقسۇ شەھىرىنىڭ بۇ تەجرىبىسى پۈتۈن شىنجاڭغا تارقىتىلدى.

↑ قىزىل سۇ ئامبىرىغا 7 - ئايدىن باشلاپ سۇ قاچىلىنىپ، 1 - گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى توك تارقىتىپ، ئۆگەن دەرياسىنىڭ 1991 - يىلى كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىشىدە غايەت زور رول ئوينىدى.



← 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ۋىلايەت بويىچە ئەڭ چوڭ توقۇمىچىلىق فابرىكا قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى، قۇرۇلۇش سۈرئىتى تېز بولدى.

ۋىلايەتلىك قەنت زاۋۇتى، داكۇاڭ فابرىكىسىنى كېڭەيتىش، ئۆزگەرتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى، قەنت - شېكەر زاۋۇتىنىڭ 9000 توننا شېكىرى تۇنجى قېتىم خەلقئارا بازارغا كىرگۈزۈلدى.

